## 141208 ـ باشقىلارنىڭ بالىسىنى ئۆز بالام دەپ ئويلاپ ئېمىتىپ قويسا بۇنىڭ بىلەن ئىمىلداشلىق بىكىتىلەمدۇ؟

### سۇئال

هاممام (ياكى ئۆگەي ئانام) بىرقانچە يىل ئىلگىرى خوشنىمىزنىڭ بالىسىنى ئىككىلى تەرەپتىن تويغۇدەك ئېمىتىپ قويغان، ئۇ بالا تويۇپ كەچتىن تاڭ يورۇغىچە ئۇخلىدى (يەنى تولۇق تويغان). مېنىڭ سوئالىم: هاممام ئۇ بالىنى ئىمىتكەندە، ئۆز بالام دەپ ئويلاپ ئېمىتكەن، چۈنكى ئىككىلىسى تۆت ئايلىق بولغان بوۋاقلاردىن ئېدى، هاممام خاتا ئېمىتكەن، گۇۋاھچىلارنىڭ تەكىتلىشىچە، ئۇ بوۋاق ئون قېتىمدەك تويغۇدەك ئەمگەن، بۇ خاتالىق هېسابلىنامدۇ؟ مەسىلىنى ئوچۇقلاشتۇرۇپ بېرىشىڭلارنى سورايمەن، چۈنكى ئۇلار بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا ئۆزۈلمەس دوستلۇق مۇناسىۋىتى بار ئېدى.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

ئايال كىشى ئىككى ياشقا توشمىغان بوۋاقنى بەش قېتىم تويغۇدەك ئىمىتىدىكەن، بۇنىڭ بىلەن ئىمىلداشلىق بىكىتىلىنىدۇ، ئېمىتكۈچى ئايال مەزكۇر بوۋاقنىڭ ئانىسى هېسابلىنىدۇ، ئۇ ئايالنىڭ يولدىشى بولسا ئۇ بوۋاقنىڭ ئىمىلداشلىق تەرەپتىن دادىسى هېسابلىنىدۇ. بۇ ئەر ـ ئاياللاردىن تۇغۇلغان بالىلار ياكى ئۇلار بىلەن ئىمىلداشلىق تەرەپتىن تۇغقان بولغان بالىلار بۇ بوۋاقنىڭ ئېمىلداش قېرىنداشلىرى هېسابلىنىدۇ.

ئىمىلداشلىقنى ئىسپاتلاشتا ئايالدىن ياكى بوۋاقتىن ئىمىلداشلىقنى هاسىل قىلىشنى مەقسەت قىلىش شەرت قىلىنمايدۇ ياكى بوۋاقنىڭ ئۆزىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى بىلىشى شەرت قىلىنمايدۇ. ئىسلام ئالىملىرى ئىمىلداشلىق هۆكمىنى بايان قىلغاندا، مۇشۇ هۆكۈمدىن ئىلىنىدىغان نۇرغۇن مەسىلىلەرنى بايان قىلدى. ئەگەر ئېمىدىغان كىچىك بوۋاقتىن بىرسى ئۇخلاپ ياتقان چوڭ ئايالنىڭ يېنىغا ئۆمىلەپ كېلىپ، ئۇ ئايالنى ئىمىۋالغان بولسا بۇ ئايال ئۇ بالىنىڭ ئېمىلداش ئانىسى هېسابلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىمىلدەشلىك هۆكمى بىكىتىلىنىدۇ. [ئەلمۇغنى 11–توم 333–بەت ۋە تۆھپەتۇل مۇھتاج 3–توم 492–بەت].

مۇشۇ قائىدىگە ئاساسەن، هاممىڭىز ياكى ئۆگەي ئانىڭىز ئۇ بوۋاقنىڭ ئېمىتكەن ئانىسى هېسابلىنىدۇ، دادىڭىز ئۇ بوۋاقنىڭ ئىمىلداشلىق تەرەپتىن دادىسى هېسابلىنىدۇ، سىز ۋە كىچىك ئۆكىڭىز بولسا ئۇ بوۋاقنىڭ ئېمىلداش قېرىنداشلىرى هېسابلىنىسىلەر.

هەممىدىن توغرىنى بىلگۈچى ئاللاھ تائالادۇر.